# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 1 ـ بەتتە)

10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشتى. يېڭى دەۋردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسى ئۆز قەرەلىدە تاماملىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىنىپ، دۇنيانىڭ نامراتلىقنى ئازايتىش تارىخىدا جۇڭگو مۆجىزىسى يارىتىلدى. 13 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلاندىكى نىشان ـ ۋەزىپە تولۇق ئورۇندالدى، دۆلىتىمىز ھاللىق جەمئىيەتنى ئۆز قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش، تۇنجى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئالدىدا تۇرماقتا، جۇڭخۇا مىللىتى ئۇلۇغ گۈللىنىشتە ئالدىغا قاراپ يېڭى چوڭ بىر قەدەم تاشلىدى، سوتسىيالىستىك جۇڭگو تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قىياپەت بىلەن دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. بولۇپمۇ، 2020 ـ يىلى تۇيۇقسىز كۆرۈلگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى كۈچلۈك، تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك بىرتۇتاش پىلانلاپ، دۆلىتىمىزنى باشلامچىلىق بىلەن يۇقۇمنى تىزگىنلەش، باشلامچىلىق بىلەن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، باشلامچىلىق بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئايلاندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۇنيادىكى بىردىنبىر مۇسبەت ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇرغان ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندۇردى. شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر دۇنيانى تاڭ قالدۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ تەڭداشسىز ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىراقنى كۆرەر ئىستراتېگىيەلىك نەزەر دائىرىسى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى يۈكسەك ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلدى.

بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ 2 ـ، 3 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇردۇق، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1 + 3 + 3 + ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنى مۇقىم ئاشۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلىشنى ئويلىغان بولساقمۇ، ھەل قىلالمىغان نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدۇق، ئىلگىرى قىلىشنى ئويلىغان بولساقمۇ، قىلالمىغان نۇرغۇن چوڭ ئىشلارنى قىلدۇق، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردۇق. ئەبەدىي ئەمىنلىككە قەدەم تاشلاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدۇق، يېڭى دەۋردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز قەرەلىدە ئورۇندىدۇق، 13 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدۇق، ھاللىق جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشتا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۆزىمىز يېتىدۇ، شىنجاڭ خىزمىتى يېڭى دەۋرگە ئومۇميۈزلۈك قەدەم قويۇپ، يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ!

**ئۆتكەن بەش يىلدا، بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇردۇق، بۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋەزىيىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغان، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيگەن بەش يىل بولدى.**

بىز مۇقىملىقنى قوغداشنى باشتىن ـ ئاخىر ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ، بىرلەشمە ھەرىكەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە تەدبىر قوللىنىپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، «ئۈچ مەيدان قاتتىق جەڭ» «بىر مەيدان خەلق ئۇرۇشى»نى داۋاملىق ياخشى قىلىپ، «ئۈچ بىرلەشمە ھەرىكەت»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆتكەن بىر مەزگىلدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى كۆپ، پات ـ پات يۈز بېرىشتەك پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتتۇق، پۈتكۈل ئاپتونوم رايوندا ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. ئاممىۋى خىزمەتنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەپ، «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى سىجىل، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەتنى تۈزەشتە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ «فېڭچياۋ تەجرىبىسى»نى ياراتتۇق. تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تىنچ، خاتىرجەم، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تىنچلىق، مۇقىملىققا بولغان ئارزۇسى ۋە ئۈمىدى ئىشقا ئاشتى، شىنجاڭ دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنىڭ نەزىرىدە «ئامانلىق باشقۇرۇشى ئەڭ ياخشى، جەمئىيەت مۇھىتى ئەڭ بىخەتەر، مۇقىملىق ۋەزىيىتى ئەڭ خاتىرجەم» جايغا ئايلاندى. مۇقىم، ئىناق جەمئىيەت مۇھىتى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئەڭ كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى!

**ئۆتكەن بەش يىلدا، بىز يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇردۇق، بۇ، ئۈنۈۋېرسال ئەمەلىي كۈچىمىز تېز ئاشقان، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان بەش يىل بولدى.**

بىز 1 ـ كەسىپتە سەۋىيەنى ئۆستۈرۈش، 2 ـ كەسىپتە مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، 3 ـ كەسىپتە زور تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلما ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك بوغما ھالەت چەكلىمىسىنى قەتئىي تۈگىتىپ، خەۋپ ـ خەتەر خىرىسىغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، ئۈنۈۋېرسال ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىمىزنى ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈردۇق. رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2015 ـ يىلىدىكى 930 مىليارد 688 مىليون يۈەندىن 2020 ـ يىلى 1 تىرىليون 379 مىليارد 758 مىليون يۈەنگە كۆپىيىپ، بەش يىلدا يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.1% ئاشتى. ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت كىرىمى 2015 ـ يىلىدىكى 133 مىليارد 85 مىليون يۈەندىن 2020 ـ يىلى 147 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە كۆپىيىپ، بەش يىلدا يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.1% ئاشتى. 2020 ـ يىلى شەھەر ـ بازار ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 34 مىڭ 838 يۈەن بولۇپ، بەش يىلدا يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.8% ئېشىپ، 2010 ـ يىلىدىكىنىڭ 2.41 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ يېزا ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 14 مىڭ 56 يۈەن بولدى، بەش يىلدا يىللىق ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن 8.3% ئېشىپ، 2010 ـ يىلىدىكىنىڭ 2.82 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدۇق، ئاشلىق، پاختا، مېۋە ـ چېۋە، چارۋا ۋەكىللىكىدىكى ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەلالاشقان، كەسپلەشكەن، بازارلاشقان تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتۇق. 2020 ـ يىلى ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 15 مىليون 834 مىڭ توننىغا يېتىپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكى ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە بولدى؛ پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى 5 مىليون 161 مىڭ توننىغا يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 87.3% نى ئىگىلىدى، شىنجاڭنىڭ مەملىكەت بويىچە سۈپەتلىك تاۋار پاختا بازىلىق ئورنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، دۆلەتنىڭ پاختا ئىستراتېگىيەلىك بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى؛ ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك ھوسۇلىنى 11 مىليون 200 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئەلا سۈپەتلىك، ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك بازىسىنى قۇرۇپ چىقتۇق؛ بەش چوڭ گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان زامانىۋى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتۇق، قوتاندىكى چارۋىنى 50 مىليون تۇياقتىن ئاشۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە مۇھىم چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇپ چىقتۇق. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى تېز يولغا قويۇپ، شىنجاڭ ئىچىدە سېتىۋالىدىغان ۋە شىنجاڭ سىرتىغا ساتىدىغان «ئىككى تور» نى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتۈردۇق. سانائەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتۇق، نېفىت خىمىيە، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، پولات ـ تۆمۈر قاتارلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىستراتېگىيەلىك كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، سانائەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات كۆلىمى ۋە سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق. «ئۈچنى ئۆگىتىش، بىرنى تۆۋەنلىتىش، بىرنى تولدۇرۇش»نىڭ نەتىجىلىرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملىدۇق، جەمئىي كۆمۈر ساھەسىدە 23 مىليون 560 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقىنى تۈگەتتۇق، پولات ـ تۆمۈر ساھەسىدە 10 مىليون 150 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقىنى تۈگەتتۇق، 1 مىليون 591 مىڭ كىلوۋاتلىق قالاق كۆمۈر ئېلېكتر گېنېراتورىنى ئىشتىن توختىتىۋەتتۇق. دۆلەت دەرىجىلىك زامانىۋى كۆمۈر خىمىيە سانائەت بازىسى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، شەرقىي جۇڭغار، تۇرپان ـ قۇمۇلنى ئاساس قىلغان كۆمۈر خىمىيە سانائىتى كەسپلىرى تەرەققىياتىدا توپلانما رايونىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردۇق. جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇھىم نۇقتا قىلغان توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدۇق، پۈتۈن ساھە بويىچە يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار جەمئىي 686 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆپەيدى. يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، بىر تۈركۈم نۇقتىلىق ساھەلەر، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا زور بۆسۈشنى قولغا كەلتۈردۇق، سىلىتسىي، ئالىيۇمىن ئاساس قىلىنغان يېڭى ماتېرىيال كەسپىنى كەسپلەرنىڭ يېڭى ئېشىش پەللىسىگە ئايلاندۇردۇق، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتىكى تىرەكلىك رولىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتتۇق. 2020 ـ يىلى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.9% ئېشىپ، سانائەت ئىقتىسادى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئالدىدا كۈچلۈك چىدامچانلىقى ۋە تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. «ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدۇق، ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنىڭ تېز سۈرئەتلىك يولغا كىردى، كۈتۈۋېلىنغان چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر 2017 ـ يىلى 100 مىليون ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، 2019 ـ يىلى 200 مىليون ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، 2020 ـ يىلى يۇقۇمنىڭ ئېغىر زەربىسىدىمۇ 158 مىليون ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ، ساياھەتچىلىك شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدىكى گەۋدىلىك يارقىن نۇقتىغا ئايلاندى. زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىك جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندى. پۇل مۇئامىلىسى كەسپى پۇختا، ساغلام تەرەققىي قىلىپ، 13 ـ بەش يىل مەزگىلىدە جەمئىيەتنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13.2% ئاشتى، خەلق پۇلى ـ چەت ئەل پۇلى قەرزى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.9% ئاشتى. داۋاملىق تۈردە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتتۇق، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات، دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى، تېببىي دورا ـ ساقلىقنى ساقلاش، مالىيە ـ پۇل مۇئامىلىسى، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، ئېنېرگىيە بايلىقى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلار ئىسلاھاتىدا ئاكتىپ ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنى سىجىل ئاشۇردۇق. «بىر پورت» «ئىككى رايون» «بەش چوڭ مەركەز» «پورت ئىقتىساد بەلبېغى» قۇرۇلۇشىنى تۇتقا قىلىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتۇق، ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق پورت رايونى قۇرۇلۇشىدا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردۇق، 13 ـ بەش يىل مەزگىلىدە شىنجاڭ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى جەمئىي 4150 قېتىم قاتنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 2020 ـ يىلى 1105 قېتىمغا يەتتى، چۆچەك نۇقتىلىق ئېچىش ـ ئېچىۋېتىش سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنى گوۋۇيۈەن تەستىقلىدى. يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇردۇق، «ئۈچ يۇقىرى» تۈرلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قاتتىق چەكلەپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، ئېنېرگىيە سەرپىياتى ۋە ئاساسلىق بۇلغىما قويۇپ بېرىش مىقدارىنى سىجىل تۆۋەنلەتتۇق. ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى ئەلا كۈن سانى نىسبىتى 72.7%تىن 75.4%كە ئۆرلىدى، مۇھىم دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئەلا سۇ سۈپىتى نىسبىتى 98.8% كە يەتتى. بەش يىلدا جەمئىي قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن، قۇم تىزگىنلەنگەن كۆلەم 28 مىليون 375 مىڭ 600 مو بولدى، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇلغان يەر 4 مىليون 922 مىڭ مو بولدى، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2015 ـ يىلىدىكى 4.7%تىن 2020 ـ يىلىدىكى 5.02% كە ئۆرلىدى، ئوتلاق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، چېكىنىش ۋەزىيىتى تىزگىنلەندى، ئاقسۇ كۆكيار قۇرۇلۇشى مەملىكىتىمىزنىڭ چۆللىشىشنى تىزگىنلەشتىكى ئۈلگىگە ئايلاندى، سۇلىرى سۈزۈك، تاغلىرى يېشىل، گۈللەپ ياشناۋاتقان گۈزەل شىنجاڭ كىشىلەر ئالدىدا نامايان بولماقتا!

**ئۆتكەن بەش يىلدا، بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق، بۇ، مۇتلەق نامراتلىقنى تارىخىي خاراكتېرلىك تۈگەتكەن، ھاللىق جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بەش يىل بولدى.**

بىز نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، «بەشتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى زورايتىش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتتۇق، ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىرقى ئۆلچەم ئاساسىدا يېزىلاردىكى 3 مىليون 64 مىڭ 900 نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن ئومۇميۈزلۈك قۇتۇلدى، 3666 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقتى، 35 ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىدى. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا نامراتلىق سەۋەبىدىن ئوقۇشسىز قېلىش، ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش مەسىلىسىنى ھەرىكەتچان ھەل قىلدۇق، نامرات ئاھالىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتىنى 100%كە يەتكۈزدۇق. 40 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىدىكى 169 مىڭ 200 نامراتنى كۆچۈرۈپ يۆلەش ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن تاماملىدۇق. ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىكى ۋە تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىدە كەمتۈكلۈكنى كۈچەپ تولدۇرۇپ، قايتا نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش، سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەتچان ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇردۇق، مۇكەممەللەشتۈردۇق، يېزىلاردا ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىكى ۋە خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملىدۇق، بەش يىلدا جەمئىي 1 مىليون 520 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق ۋە مۇستەھكەملەپ ياخشىلىدۇق، نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسى بىخەتەر، خاتىرجەم سۇ ئىچەلەيدىغان بولدى، نامرات ئاھالىنىڭ خەتەرلىك ئۆيلەردە تۇرۇش تارىخىغا ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بەردۇق، نامرات ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدۇق، شىنجاڭنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇيانقى مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىنى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلدۇق!

**ئۆتكەن بەش يىلدا، بىز كەمتۈكلۈكنى تولدۇرۇش، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى پائال زورايتىشتا چىڭ تۇردۇق، بۇ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولغان بەش يىل بولدى.**

بىز ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كەمتۈكلۈكنى تولدۇرۇش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى سىجىل زورايتتۇق، زور بىر تۈركۈم قاتناش، سۇچىلىق، ئېنېرگىيە قاتارلىق مۇھىم ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا كۈچلۈك تىرەك بولۇپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ قىياپىتىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتتى. بەش يىلدا ئورۇنلاشقان سېلىنما جەمئىي 4 تىرىليون 100 مىليارد يۈەن بولۇپ، 12 ـ بەش يىل مەزگىلىدىكىنىڭ 1.29 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتۇق، «شىنجاڭ ئىچىدە ئايلىنىپ تۇتاشقان بولۇش، شىنجاڭغا كىرىش ـ چىقىش تېز بولۇش»تا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈنۈۋېرسال قاتناش تورىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇردۇق، 2020 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا قاتناش باشلانغان تاشيول مۇساپىسى 209 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىپ، بەش يىلدا 30 مىڭ كىلومېتىر كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول 5500 كىلومېتىر، كۆپەيگىنى 1184 كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول دەۋرىگە قەدەم قويدى. 13 ـ بەش يىل مەزگىلىدە تارماق لىنىيە ئايرودرومىدىن 4 ى كۆپىيىپ، پۇقراۋى ئايرودروم ئومۇمىي سانى 22 گە يېتىپ، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومى يادرو، تارماق لىنىيە ئايرودرومىنى تىرەك قىلغان «ھاۋا يىپەك يولى» دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. تۆمۈريول تىرانسپورت مۇساپىسى 7398 كىلومېتىرغا يېتىپ، بەش يىلدا 1530 كىلومېتىر كۆپىيىپ، تۆمۈريول شىنجاڭدىكى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە تۇتاشتۇرۇلدى. مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچى مېترو دەۋرىگە قەدەم قويدى، ئۈرۈمچىدىن شىئەنگە ئوق پويىز قاتنىدى، شىنجاڭ تۆمۈريول يولۇچىلار تىرانسپورتى مەملىكەتنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول ئاساسىي تورىغا كىردى. گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريول لىنىيەسى پۈتۈنلەي تۇتاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىدىغان ئۈچىنچى چوڭ تۆمۈريول لىنىيەسى ئېچىلدى. سۇچىلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتۇق، يۇرۇڭقاش، چوڭ جىلغا، موموق قاتارلىق 21 چوڭ، ئوتتۇرا ھال سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتۇق، ئاراتاش، قارابەل، بەختئاتا، سۇبېشى قاتارلىق 18 چوڭ، ئوتتۇرا ھال سۇ ئامبىرى پۈتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ ئامبىرى سىغىمى 23 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىپ، بەش يىلدا 3 مىليارد 563 مىليون كۇب مېتىر كۆپەيدى، يېڭىدىن كۆپەيگەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمى 11 مىليون 560 مىڭ مو بولدى، بولۇپمۇ يەكەن دەرياسى، چەرچەن دەرياسى قاتارلىق نۇقتىلىق دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ تىزگىنلەش خاراكتېرلىك سۇچىلىق تۈگۈن قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈشى بىلەن، يەكەن دەرياسىدا مىڭ يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن سۇ ئاپىتى خەۋپى تۈپتىن تۈگىتىلىپ، ۋادىدىكى 2 مىليون 400 مىڭدىن ئارتۇق خەلققە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كەلدى، سىجىل تۈردە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىلدى ۋە پۈتۈن ۋادىدىكى توغراقلىققا ئېكولوگىيەلىك سۇ تولۇقلاندى، تېيتما كۆلىنىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر كۆل يۈزى قايتىدىن زۇمرەتتەك دولقۇنلاپ، ھاياتىي كۈچكە تولدى! ئېنېرگىيە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتۇق، دۆلەتنىڭ «ئۈچ بازا، بىر ئۆتۈشمە يول» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن بېكىتىشى بويىچە، نېفىت، تەبىئىي گاز چارلاش، ئېچىش تېزلىتىلىپ، تارىم 30 مىليون توننىلىق نېفىتلىكى قۇرۇپ چىقىلدى، شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ ماناس كۆلى، جىمسارىدىن ئىبارەت 1 مىليارد توننا دەرىجىلىك ئىككى چوڭ نېفىتلىكى چارلاپ بايقالدى؛ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش»، چوڭ تىپتىكى كۆمۈر ئېلېكتر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى بازىسى، يېڭى ئېنېرگىيە بازىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلار پۈتتى، 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى بارلىق ۋىلايەت ـ ئوبلاستلاردا ئومۇملاشتى، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلېكتر كۈچى گېنېراتورلار سىغىمى 100 مىليون كىلوۋاتتىن ئېشىپ، 102 مىليون 530 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» مىقدارى 300 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 2020 ـ يىلى 100 مىليارد كىلوۋات سائەتلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى. يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش ۋە يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتتۇق، ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق بىر تۈركۈم رايون مەركىزىي شەھەرلىرىنىڭ قىياپىتى كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلاندى، كۇچا، باشئەگىم، قوشئۆگۈز، قورغاس، كۆكدالا، قۇرۇمقاش، ئېپقىنتال قاتارلىق شەھەرلەر يېڭىدىن قەد كۆتۈردى، شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئۈنۈۋېرسال كۆتۈرۈش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، دائىملىق نوپۇسنىڭ شەھەر ـ بازارلىشىش نىسبىتى 2015 ـ يىلىدىكى 47.23%تىن 2020 ـ يىلى 52.4%كە ئۆرلىدى. 2020 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى، يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى، تۇرمۇش ئەخلىتىنى زىيانسىزلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 98%، 96.9%، 97% كە يەتتى. قۇرۇلۇپ پۈتكەن رايونلارنىڭ كۆكەرتىش نىسبىتى 39.47% بولدى. بەش يىلدا جەمئىي 1 مىليون 169 مىڭ 800 يۈرۈش يېزا ئەمىن ئۆيى قۇرۇلۇشى، شەھەر ـ بازارلاردا 1 مىليون 293 مىڭ 600 يۈرۈش كاپالەتلىك ئۆي قۇرۇلۇشى پۈتتى، شەھەر ـ بازارلاردا 1 مىليون 122 مىڭ يۈرۈش كەپە ئۆي ئۆزگەرتىلدى، 10 مىليونغا يېقىن ئامما خۇشال ھالدا يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكەت ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، يېزىلاردا پاكىز ھاجەتخانىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىنى 84.95%كە يەتكۈزدۇق، 87.15% مەمۇرىي كەنتتە تۇرمۇش ئەخلىتىنى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىش ئىشقا ئاشتى. بارلىق مەمۇرىي كەنتلەردە يولنى قاتتىقلاشتۇرۇش، يولۇچىلار ئاپتوبۇسى قاتناش، ئۈچ فازىلىق توك يەتكۈزۈش، ئوپتىك تالالىق كەڭ بەلۋاغلىق ئالاقە تورى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلق كېپەك ئۆيدە ئولتۇرىدىغان، شورلۇق سۇ ئىچىدىغان، پاتقاق كېچىپ ماڭىدىغان تارىخ كەلمەسكە كەتتى!

**ئۆتكەن بەش يىلدا، بىز خەلقنى مەركەز قىلىش تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇردۇق، بۇ، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان، ھەر مىللەت ئامما ئەڭ كۆپ ئەمەلىي نەپكە ئېرىشكەن بەش يىل بولدى.**

بىز تەرەققىياتنى «خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شۇ جايغا نەپ يەتكۈزۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش»تە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇردۇق، مالىيە چىقىمىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىشتە چىڭ تۇردۇق، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتتۇق، ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان خەلق تۇرمۇشىدىكى بىر تۈركۈم قىيىن مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدۇق. كۆپ يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتتۇق، بەش يىلدا، شەھەر ـ بازارلاردا جەمئىي 2 مىليون 330 مىڭ كىشى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى، يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىدىن 14 مىليون 330 مىڭ ئادەم (قېتىم) يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا ئۈچ يىلدا 100 مىڭ نامرات ئاھالىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)